# ناماز ئوقۇش ئۇسۇلى





مەنبە: أركان الإسلام

سۆيۈملۈك دوستلار، مەن سىلەرگە ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟

ئالدى بىلەن قىبلىگە يۈزلىنىپ ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىمەن.

ئەگەر پەرز ناماز ئوقۇماقچى بولسام تەكبىر ئېيتىمەن.

سۈننەت ناماز ئوقۇماقچى بولسام تەكبىر ئېيتمايمەن.



قولۇمنى كۆتۈرگەن هالدا تەكبىر ئېيتىپ ناماز باشلايمەن.

ئاللاھۇ ئەكبەر



ئوڭ قولۇمنى سول قولۇمنىڭ ئۈستىگە قويىمەن. سەجدە قىلىدىغان

ئورۇنغا قارايمەن. سۈرە فاتىھە بىلەن قىسقا بىر سۈرە ئوقۇيمەن.



ئاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇ قىلىمەن ۋە رۇكۇدا

«سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم دەيمەن.



ئاندىن كېيىن «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە» دەپ ئۆرە تۇرىمەن.



ئاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدە قىلىمەن ۋە سەجدىدە «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم دەيمەن.



ئاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ قولۇمنى تىزىمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۆپتۈز ئولتۇرىمەن. ئاندىن كېيىن «رەببىغفىر لىي» دەيمەن.



يەنە بىر قېتىم ئالدىنقى سەجدىگە ئوخشاش سەجدە قىلىمەن.

شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى رەكئەت ناماز تولۇق تۈگەيدۇ.



ئاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۆرە تۇرىمەن ۋە ئىككىنچى

رەكئەت نامازنى باشلايمەن.



ئوڭ قولۇمنى سول قولۇمنىڭ ئۈستىگە قويىمەن. سەجدە قىلىدىغان ئورۇنغا قارايمەن. سۈرە فاتىھە بىلەن قىسقا بىر سۈرە ئوقۇيمەن.



ئاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇ قىلىمەن ۋە رۇكۇدا

«سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم دەيمەن.



ئاندىن كېيىن «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە» دەپ ئۆرە تۇرىمەن.



ئاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدە قىلىمەن ۋە سەجدىدە

«سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم دەيمەن.



ئاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ قولۇمنى تىزىمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۈپتۈز ئولتۇرىمەن ۋە «رەببىغفىر لىي» دەيمەن.



يەنە بىر قېتىم ئالدىنقى سەجدىگە ئوخشاش سەجدە قىلىمەن.



ئاندىن تەشەھھۇد ئوقۇيمەن.

تەشەھھۇد:

اَلتَّحِيَّاتُ لِلّٰهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ، اَلسَّلاَمُ عَلَيْكَ اَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللّٰهِ وَبَرَكَاتُهُ، اَلسَّلاَمُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللّٰهِ الصَّالِحِينَ، اَشْهَدُ اَنْ لآ اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ وَاَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّداً عَبْدُه وَرَسُولُه.

«اَشْهَدُ اَنْ لآ اِلٰهَ اِلَّا اللّٰه» دېگەن جۈملىدىكى «لآ اِلٰه» دېگەن سۆز بىلەن تەڭ ئوڭ قولۇمنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈرۈپ «اِلَّا اللّٰه» دېگەن سۆز بىلەن تەڭ چۈشۈرىمەن.

تەرجىمىسى: ئىبادەتلەر ئاللاھ ئۈچۈندۇر، سالام ۋە دۇرۇتلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىزگە بولسۇن ئى ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر. ئامانلىق بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە بولسۇن. ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن.



ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ دۇئا قىلىمەن.

دۇرۇت ۋە دۇئا:

اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيم وعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ.

اللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ.

رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ.

تەرجىمىسى:

ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا سەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت، مەغپىرەت قىلغاندەك رەھمەت، مەغپىرەت قىلغىن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغاندەك بەرىكەت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ماختاشقا سازاۋەر ۋە ئۇلۇغ زاتتۇرسەن.

ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيا-ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.



ئاندىن ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ دەپ سالام قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئىككى رەكئەتلىك ناماز تۈگەيدۇ.

ئەگەر ئۈچ ياكى تۆت رەكئەتلىك ناماز بولسا تەشەھھۇدنى ئوقۇپ بولۇپ ئورنۇمدىن تۇرىمەن ۋە يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش شەكىلدە داۋاملاشتۇرىمەن.



# ناماز ئوقۇش ئۇسۇلى





مەنبە: أركان الإسلام

قىبلىگە يۈزلىنىپ ناماز ئوقۇشنى نىيەت قىلىمەن.

پەرز ناماز ئوقۇماقچى بولسام تەكبىر ئېيتىمەن.

سۈننەت ناماز ئوقۇماقچى بولسام تەكبىر ئېيتمايمەن.



قولۇمنى كۆتۈرگەن هالدا تەكبىر ئېيتىپ ناماز باشلايمەن.

ئاللاھۇ ئەكبەر



ئوڭ قولۇمنى سول قولۇمنىڭ ئۈستىگە قويىمەن. سەجدە قىلىدىغان
ئورۇنغا قارايمەن. سۈرە فاتىھە بىلەن قىسقا بىر سۈرە ئوقۇيمەن.



ئاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇ قىلىمەن ۋە رۇكۇدا


«سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم دەيمەن.



ئاندىن كېيىن «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە» دەپ ئۆرە تۇرىمەن.



ئاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدە قىلىمەن ۋە سەجدىدە «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم دەيمەن.



ئاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ قولۇمنى تىزىمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۆپتۆز ئولتۇرىمەن. ئاندىن كېيىن «رەببىغفىر لىي» دەيمەن.



يەنە بىر قېتىم ئالدىنقى سەجدىگە ئوخشاش سەجدە قىلىمەن.

شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى رەكئەت ناماز تولۇق تۈگەيدۇ.



ئاندىن كىيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئۆرە تۇرىمەن ۋە ئىككىنچى

رەكئەت نامازنى باشلايمەن.



ئوڭ قولۇمنى سول قولۇمنىڭ ئۈستىگە قويىمەن. سەجدە قىلىدىغان ئورۇنغا قارايمەن. سۈرە فاتىھە بىلەن قىسقا بىر سۈرە ئوقۇيمەن.



ئاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ رۇكۇ قىلىمەن ۋە رۇكۇدا

«سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم دەيمەن.



ئاندىن كېيىن «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە» دەپ ئۆرە تۇرىمەن.



ئاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدە قىلىمەن ۋە سەجدىدە

«سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا» دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم دەيمەن.



ئاندىن كېيىن «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ قولۇمنى تىزىمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ

تۆپتۆز ئولتۇرىمەن ۋە «رەببىغفىر لىي» دەيمەن.



يەنە بىر قېتىم ئالدىنقى سەجدىگە ئوخشاش سەجدە قىلىمەن.



ئاندىن تەشەھھۇد ئوقۇيمەن.

تەشەھھۇد:

اَلتَّحِيَّاتُ لِلّٰهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ، اَلسَّلاَمُ عَلَيْكَ اَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللّٰهِ وَبَرَكَاتُهُ، اَلسَّلاَمُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللّٰهِ الصَّالِحِينَ، اَشْهَدُ اَنْ لَآ اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ وَاَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّداً عَبْدُه وَرَسُولُه.

«اَشْهَدُ اَنْ لَآ اِلٰهَ اِلَّا اللّٰه» دېگەن جۈملىدىكى «لَآ اِلٰه» دېگەن سۆز بىلەن تەڭ ئوڭ قولۇمنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈرۈپ «اِلَّا اللّٰه» دېگەن سۆز بىلەن تەڭ چۈشۈرىمەن.

تەرجىمىسى: ئىبادەتلەر ئاللاھ ئۈچۈندۇر، سالام ۋە دۇرۇتلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىزگە بولسۇن ئى هۆرمەتلىك پەيغەمبەر. ئامانلىق بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە بولسۇن. ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن.



ئاندىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ دۇئا قىلىمەن.

دۇرۇت ۋە دۇئا:

اللَّهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيم وعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ.

اللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ.

رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ.

تەرجىمىسى:

ئى ئاللاھ! پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا سەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت، مەغپىرەت قىلغاندەك رەھمەت، مەغپىرەت قىلغىن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلغاندەك بەرىكەت ئاتا قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ماختاشقا سازاۋەر ۋە ئۇلۇغ زاتتۇرسەن.

ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيا-ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن.



ئاندىن ئوڭ ۋە سول تەرەپكە ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ دەپ سالام قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئىككى رەكئەتلىك ناماز تۆگەيدۇ.

ئەگەر ئۈچ ياكى تۆت رەكئەتلىك ناماز بولسا تەشەھھۇدنى ئوقۇپ بولۇپ ئورنۇمدىن تۇرىمەن ۋە يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش شەكىلدە داۋاملاشتۇرىمەن.

